# بېيىش «رېتسېپ»ى نامراتلىق يىلتىزىنى يوقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بازىسغا بىراقلا ئوبوروت قىلىپ بەردى، ھەر مو يەرنىڭ ئوبوروت ھەققى 500 يۈەن بولۇپ، ئۇ ئۆزى بازىغا كىلىپ ئىشلىدى.

شىركەت+بازا+دېھقان ئائىلىسىدىن ئىبارەت مەنپەئەتكە باغلاش مېخانىزمى ئارقىلىق سارتام يېزىسى بۇ يىل جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش كۆلىمىنى بىراقلا 12 مىڭ موغا كېڭەيتتى. شىن دېلى مۇنداق دېدى: ئۈچ يىلدا پۈتۈن يېزىدا 4000مو جۈگىي دورا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى، 6000مو مايسا يېتىشتۈرۈش بازىسى، 50 مىڭ مو تېرىقچىلىق بازىسى قۇرىمىز.

«ئالتاي ۋىلايىتى جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىشقا ماس كېلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ياخشى، جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور.» خۈيچېڭ دورىگەرلىكىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ ۋېنشىن ئىلگىرى نۇرغۇن جايدا دورا ماتېرىيالى تېرىغان بولۇپ، ئۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىن ناھايىتى ئۈمىدۋار ئىكەن.

ئالتاي ۋىلايىتى مەملىكىتىمىزدىكى ئالتە چوڭ ئورمان رايونىنىڭ بىرى بولۇپ، شىمالىدا ئالتاي تېغى، جەنۇبىدا جۇڭغار ئويمانلىقى بار، يەنە ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۈر دەرياسى، جىمىنەي تېغىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئېقىن بار، كۆپ مەنبەلىك يەر شەكلى كۆپ خىل ئۆسۈملۈك تۈرى توپىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ يەر مۇھىم جانلىقلار تۈرى گېن ئامبىرىغا ئايلانغان. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈرى 1755 خىلغا يېتىدىكەن.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئالتاي شەھىرىدىكى ئالتاي تېغى جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى مۇزېيىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدە، ئالتاي ۋىلايەتلىك قازاق تېبابىتى دوختۇرخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سابىق شۇجىسى ۋاڭ رېن ئۇزۇننىڭ «داڭلىق دوختۇر ئىشخانىسى»دا كېسەل كۆرۈۋاتاتتى.

2018 ـ يىلى جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى مۇزېيى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، 71 ياشقا كىرىپ قالغان ۋاڭ رېن خىزمەتداشلىرى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ھازىر، كۆلىمى 1700 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان بۇ مۇزېيغا 600 پارچىدىن ئارتۇق جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكى سۈرىتى، 300دىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم ۋە 100دىن ئارتۇق ئەۋرىشكە قويۇلغان.

«ئالتاي ۋىلايىتى بەئەينى بىر «بەيساۋتاق»، بۇ يەردە جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى بەك مول، ئەگەر ھەممىسىدىن تەتقىق قىلىپ دورا ياسالسا، ھەم بىمارلارغا بەخت ياراتقىلى، ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ» دېدى ۋاڭ رېن.

ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇڭ كەيجى ۋاڭ رېننىڭ كۆزقارىشىنى ئىنتايىن قوللىدى. جۇڭ كەيجى مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىلغىچە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 120 مىڭ موغا كېڭەيىپ، 1000دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. نۆۋەتتە پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە تېرىلغان جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈرى ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، كەتىرا، ئوسما قاتارلىق ئالتە خىل بولۇپ، بۇ جايدا تېرىشقا بەك ماس كېلىدىغان جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈرى 30 نەچچە خىلغا يېتىدۇ.

«ئالتاي ۋىلايىتى يوشۇرۇن كۈچلىرىنى پايال قېزىپ، ئەۋزەللىكلىرىنى زورايتىپ، كۆلەملەشكەن جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى كەسپى شەكىللەندۈرۈشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ» دېدى جۇڭ كەيجى.

«جۇڭگو غەربىي قىسىم دورا جىلغىسى» بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتى 2021 ـ يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى تېرىلغۇ كۆلىمىنى 500 مىڭ موغا يەتكۈزۈپ، 4000دىن ئارتۇق تېرىقچىلىق ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى پىلانلىدى.

مول ھەم ئەلا سۈپەتلىك جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى بايلىقىغا تايىنىپ، بۇ جاي بايلىق ئارقىلىق دورا كارخانىلىرىنى جەلپ قىلىپ، جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش، پىششىقلاش كەسپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتتى. نۆۋەتتە، بۇ جاي جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش ۋە چوڭقۇر پىششىقلاش ئۈچۈن جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى پىششىقلاش كارخانىسىدىن بەشنى كىرگۈزدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئالتاينىڭ جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ ياسالغان دورىلار شىنجاڭ ئىچىدىلا سېتىلىپ قالماي، يەنە ئىچكىرى رايونلاردىكى نۇرغۇن دورىخانىلارغا كىردى. بۇ جايدىكى جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى دۆلەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن ئىلغار پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئالتاي جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى خام ماتېرىيال قىلىپ، جۈگىي دورا مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياسىماقتا.

«بىز باشلامچى كارخانىلارنى يېتەكچى، بازىنى تىرەك، پەن ـ تېخنىكىنى ياردەمچى كۈچ قىلىپ، جۈگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى كەسپىنى تىرىشىپ زورايتىمىز، كۈچەيتىمىز» دېدى جۇڭ كەيجى.




# جاڭ گوچۈن: غايىسى ئۈچۈن ياشىغان «مودېل ئەسكەر»



جاڭ گوچۈن ئۇرۇش مودېلى سىستېمىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدا دوكلات بەرمەكتە.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان(ياڭ جۈنگۋاڭ فوتوسى)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (ۋاڭ يىتاۋ، لو جىنمۇ)** ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئەمەلىيىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئۇرۇش مودېلى مۇتەخەسسىسى جاڭ گوچۈننىڭ ۋاپات بولغىنىغا تۆت يىلدىن ئاشتى، ھەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، دۆلەت مۇداپىئە داشۆسى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ھەممىسى ھەر خىل ئۇسۇلدا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

جاڭ گوچۈن خېيلۇڭجياڭ كېدۇڭدىن، 1969 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1987 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن شىئەن تېلېگراف ئالاقە قۇرۇلۇش شۆيۈەنىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەندە، ساۋاقداشلىرىنىڭ سۆز قالدۇرۇش خاتىرىسىگە ئۇ «غايەم ئۈچۈن ياشايمەن» دېگەن دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش قەسىمىنى يېزىپ قالدۇرغان.

1994 ـ يىلى، جاڭ گوچۈن دۆلەت مۇداپىئە داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، ھەربىي ئىشلارنى ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ئىلمى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇغان. 1997 ـ يىلى ماگىستىرلىقنى پۈتكۈزۈپ ئەمدىلا مەكتەپتە قېلىشىغا، بۇيرۇققا بىنائەن مۇھىم سىستېما قۇرۇلۇشىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان.

ئۇزاق ئۆتمەي، جاڭ گوچۈن يەنە پۈتۈن ئارمىيەنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋەزىپىسىگە ئاتالانغان. ئالتە يىل جەريانىدا، ئۇ ۋە كوللېكتىپ ئەزالىرى سانلىق مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇشتىن تەتقىق قىلىپ دەلىللەشكىچە، يەنە يىرىك پىلان تۈزۈش، لايىھەلەشكىچە، نەچچە يۈز مىڭ پارچە ماتېرىيالنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن، نەچچە ئون ئورۇننى ئارىلاپ چىققان، ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر پۈتۈن ئارمىيە رامكىسىدا ئۇرۇش تەقلىدىي مەشىقىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا تىرەك بولغان.

2007 ـ يىلى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت دۆلەت مۇداپىئە داشۆسىگە پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئۇرۇش مودېلى سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. تەتقىق قىلىپ ئېچىش كوللېكتىپىنىڭ يادرولۇق ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جاڭ گوچۈن ۋە خىزمەتداشلىرى «ئۆز ئالدىمىزغا يېڭىلىق يارىتىپ، دۇنيا دەرىجىلىك مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىمىز» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ نۇرغۇن مۇھىم سىستېمىنى لايىھەلەش ۋە تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە تەجرىبىخانىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز نەچچە يۈز پارچە ئىلمىي ماقالىنى تەكشۈرۈش، نەچچە ئون مىڭ پارچە ماتېرىيالنى كۆپەيتىپ بېسىش، تۈرلۈك ئۈسكۈنىلەرنى ئاسراش، تەكشۈرۈشنى تاماملىغان. كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلەش، شەنبە، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنىنى قوشۇپ ئىشلەش ئۇنىڭ نورمال خىزمەت ھالىتىگە ئايلانغان، ھەتتا ئاغرىپ قالغاندىمۇ ئۇ يەنىلا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ: «تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، دوختۇرخانىدا يېتىشقا ۋاقتىم يوق، بەرداشلىق بېرەلەيمەن!» دېگەن.

2010 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سىستېما ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى بىلەن، ئون نەچچە ئاكادېمىكنىڭ بىردەك: «كۆپ تۈرلۈك ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يېتىپتۇ» دېگەن باھاسىغا ئېرىشكەن.

«ئۇرۇش مودېلىنى قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەڭ ئالدىنقى سەپكىچە ئۇزارتىش كېرەك.» جاڭ گوچۈن قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. ئۇرۇش مودېلى سىستېمىسى ئەمەلىي قوللىنىلغان قىسىم مانېۋىرلىرىدا، ئۇ ھەر قېتىم ئاساسلىق تايانچ بولۇش سۈپىتى بىلەن، كاپالەتلەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى تولۇق تاماملاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون نەچچە قېتىملىق مۇھىم، زور مانېۋىرغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كاپالەتلىك قىلغان.

«ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇرۇش مودېلى ئىشلىرى ھاياتىدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.» بۇ، خىزمەتداشلىرىنىڭ جاڭ گوچۈنگە بولغان ئورتاق تەسىراتى. ئۇنىڭدا بېشى ئاغرىش، كۆزىگە قان تولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر سېجىل كۆرۈلگەندە، كۆپچىلىك ئۇنى دوختۇرخانىغا بېرىشقا قايتا ـ قايتا سۈيلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش مودېلى ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن جاڭ گوچۈن ھەر قېتىم ئاغرىق توختىتىش دورىسى يەپ، كۆز دورىسى تېمىتىۋېلىپلا بولدى قىلغان.

كېيىن ئۇنىڭغا مېڭە كوللوئىد ئانا ھۈجەيرە ئۆسمىسى، دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلۇپ، جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىشخانىغا كىرىپ ـ چىقىشى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن. ئۇ ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىگە ئېغىر تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ ماتېرىياللارنى رەتلىگەن.

2013 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى 1 ـ قېتىملىق ئوپېراتسىيەدىن كېيىن، سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىپ، ئىشقا بارالىشى ئۈچۈن، ئۇ ھەر كۈنى ماتېماتىكا سوئاللىرىدىن پايدىلىنىپ مېڭە ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرغان، دائىم تاغقا چىققان.

2013 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جاڭ گوچۈن 2 ـ قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان.

2014 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جاڭ گوچۈن ۋاپات بولدى. 2015 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى جاڭ گوچۈنگە «دەۋر ئۈلگىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئۇنى 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالدى، يەنە مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى تولۇقلاپ بېرىلدى...

ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئەمەلىيىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان دەۋر ئۈلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جاڭ گوچۈن ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى كۆپ تۈرلۈك مۇھىم، زور ھەربىي مەشىق تەقلىدىي سىستېمىسىدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى چوڭ تىپتىكى ئۇرۇش مودېلى مانېۋىر سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، ئارمىيەمىزنىڭ ھەربىي مەشىق ئۇسۇلىغا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى؛ ئارمىيەمىزدىكى ئەڭ ئاۋۋال سىستېما مودېلى قۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مۇتەخەسسىس بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ «سىستېمىدا قارشىلىشىش مودېلى قۇرۇش ۋە تەقلىد قىلىش يېتەكچى نەزەرىيەسى» دېگەن ئەسىرى دۆلەت ئىچىدىكى دەسلەپكى مەزگىلدە يېزىلغان بۇ ساھەدىكى مۇھىم مەخسۇس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى دۆلەت ۋە ئارمىيەنىڭ كۆپ تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا چوڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇ ئون نەچچە پارچە جەمئىي 1 مىليون 100 نەچچە مىڭ خەتلىك دوكلات، دەرسلىك ۋە ئەسەرنى تۈزۈپ، يېزىپ چىقتى ۋە نەشر قىلدۇردى...

# يالغان چاچ كەسپى «سۈرئەتنى تېزلىتىپ» ئىلگىرىلىمەكتە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكىلەر بىر تۈركۈمدىكى 40 مىڭ يۈرۈشلۈك زاكازنى تاماملاش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. «نۆۋەتتە، توققۇز ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى نورمىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ، بۇلتۇرقىغا سېلىشتۇرغاندا، مەھسۇلات مىقدارى 30% ئاشتى» دېدى كەسپلەر باغچىسى يالغان چاچ ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ دىرېكتورى جۇ خۇەنلىن تونۇشتۇرۇپ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكەت ئىچىدىكى نۇرغۇن چاچ بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ، ئورۇن تاللاپ زاۋۇت قۇرۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولدى. لوپ ناھىيەسى رايون ئورنى، قاتناش، بايلىق، بازار، سىياسەت ھەم بېيجىڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشى قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۇرسەتنى تېز تۇتۇپ، چاچ بۇيۇملىرى كەسپلەر باغچە رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، چاچ بۇيۇملىرى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى.

2019 ـ يىلى پۈتۈپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەن لوپ ناھىيەسىنىڭ چاچ بۇيۇملىرى كەسپلەر باغچىسى يالغان چاچ بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىندىكى 32 كارخانا ماكانلاشتى، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 7000غا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كەسپلەر باغچىسىدا «ناھىيەدە كەسپلەر باغچە رايونى بولۇش، يېزىدا نامراتلارنى يۆلەش سېخى بولۇش، كەنتتە كەنت قورغان زاۋۇت بولۇش، ئائىلىلەردە ھۈنەرخانا بولۇش»تىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك قۇرۇلما شەكىللەندى، ئومۇمىي كەسپ قۇرۇلمىسى 10مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلالايدۇ.

«يەنە سەككىز كارخانا پات ئارىدا ماكانلىشىدۇ. بىز ئىككى يىل ئىچىدە چاچ بۇيۇملىرى كەسپلەر باغچىسىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى 3 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىمىز» دېدى لوپ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن ھاكىم ۋاڭ چياڭ.

## كارخانىدا تۇرۇپ مۇلازىمەت قىلىش مەخسۇس خادىمىدىن 100نى ئورۇنلاشتۇردى

«باغچە رايونىغا ماكانلاشقان كارخانىلار رويخەتكە ئالدۇرۇشتىن سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقىچە، ناھىيەنىڭ سىياسەت جەھەتتىن قوللىشى ۋە سەمىمىي مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولدى» دېدى خوتەن ۋىلايەتلىك چاچ بۇيۇملىرى كەسپى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى ياڭ گۋاڭخۇي.

تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بىر تەرەپتىن باغچە رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى زىممىسىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن كارخانىنىڭ كەلگۈسىنى زىممىسىگە ئالغان. لوپ ناھىيەسى ماكانلاشقان كارخانىلاردا نۇقتىدا تۇرۇپ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تۇتۇش، سېلىنمىنى كېڭەيتىش، يېشىل يول ئېچىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يۇقىرى ئېقىندىكى خام ماتېرىياللارنىڭ توشۇش سەۋەبىدىن ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ خادىملارنىڭ تاماق، ياتاق قاتارلىق بىر قاتار قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، باغچە رايونىغا ماكانلاشقان كارخانىلارغا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئاز، تەرتىپى ئەلا، ئۈنۈمى يۇقىرى، مۇلازىمىتى ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ بەردى.

بۇنىڭدىن باشقا، باغچە رايونىدىكى كارخانىلارغا تېخىمۇ دەل جايىدا سىياسەتنى چۈشەندۈرۈش، خادىملارنى باشقۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، لوپ ناھىيەسى يەنە كارخانىدا تۇرۇپ مۇلازىمەت قىلىدىغان مەخسۇس خادىمدىن 100نى ئورۇنلاشتۇردى.

«يالغان چاچ ياساش بىر تۈرلۈك ئىنچىكە ئىش بولغاچقا، زاۋۇتقا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە نۇرغۇن خادىم ئانچە ماسلىشىپ كېتەلمىدى، باغچە رايونى ئىش ئورنىدا تەربىيەلەش، مۇكاپاتلاش ـ رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى، ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق، خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلگىرىكى ئىشلىگۈسى كەلمەيدىغان، ئىشلەشنى خالىمايدىغان ھالەتتىن ھازىرقى تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، تالىشىپ ئىشلەيدىغان ھالەتكە كەلدى، خادىملارنىڭ ماھارىتى ئۆسۈپلا قالماي، غەيرىتىمۇ ئاشتى» دېدى كارخانىدا تۇرۇشلۇق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كادىرى ئانارگۈل مۇختەر.

«نۆۋەتتە، كەسپلەر باغچىسى تۇۋۇتاۋ، فاكۇەي، فاتياۋ قاتارلىق تۆت چوڭ يۈرۈشلۈك 100 نەچچە خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ يىل، بىز كەسپ زەنجىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئۈچۈن سىجىل، دەل جايىدا كۈچەيمىز» دېدى ياڭ گۋاڭخۇي.

## دېھقانلار ئىشىكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇردى

«مەن ھازىر ھەر كۈنى 900دىن ئارتۇق فاتياۋ ياسىيالايمەن، كەلگۈسىدە تۇرمۇشۇمنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشىغا ئىشەنچىم بار» دېدى كەسپلەر باغچىسىدىكى ئىشچى ئابلىپىز ئىپتىخارلانغان ھالدا.

«بۇ يەردە ئىشلەپ تېخنىكا ئۆگەندىم، ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمىم بار بولدى.» مۇتەللىپ ئىمىننىياز ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇلارنىڭ ھەممىسىدە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت ئېيتىمەن».

«ھەر ئايلىق مائاشىم 3400 يۈەن، مەن ئەمدى شاگىرت ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش ماھىرىغا ئايلاندىم. ئاكاممۇ باغچە رايونىدىكى كارخانىدا ئامانلىق ساقلىغۇچى بولدى، ھەر ئايلىق مائاشى 3500 يۈەن، ئىككىمىز بىرلىكتە تىرىشىپ كۈرەش قىلدۇق، نامراتلىق بىزدىن بارغانسېرى يىراقلاشتى.» 21 ياشلىق ئىشچى ئابدۇلىز روزىتوختىنىڭ سۆزىدىن كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىدكە تولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

لوپ ناھىيەسى چاچ بۇيۇملىرى كەسپلەر باغچىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت خادىملارنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تۇتقا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. «كېيىنكى قەدەمدە، كەسپلەر باغچىسى كۆلەمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقاننىڭ ئىشىكى ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ» دېدى ياڭ گۋاڭخۇي.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)